2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

## ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

# نامرات ئاممىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش «تۆمۈر تاۋاقى»نى چىڭ، پۇختا تۇتقۇزۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆكيار يېزىسىنىڭ ئاۋاتباغ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى يامغۇرلۇق كىيىم كىيىپ، توكسىكلىت مىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى سانائەت باغچە رايونىغا كېلىپ ئىشقا چۈشتى.

ئاۋاتباغ كەنتى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش كەنتى بولۇپ، كوئېنلۇن تاغلىق رايونىدىن 423 ئائىلە، 1837 ئادەم كۆچۈرۈلگەن، ھەممىسى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس. «تەبىئىي شارائىتنىڭ ناچار بولۇشى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى يېزا ئىگىلىك كىرىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان، نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور.» جۇڭگو نېفىت غەربىي رايون بۇرغىلاپ چارلاش گېئولوگىيە تەتقىقات يۇرتى تارىم شۆبىسىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجىسى ئېزىز ئەمەر مۇنداق بىلدۈردى: شۇ جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى كەنتتىكىلەرنى باقالمىغانلىقتىن، كۆپچىلىك بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. بىز جەزمەن نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇش يولىنى تېپىپ، ئاممىغا تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدنى سىجىل ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. «ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاممىنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا ئەڭ ئۈنۈملۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ۋاستىسى» دېدى ئېزىز.

1 ـ شۇجى ۋە كەنت كادىرلىرى ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. كۆپچىلىكمۇ ئازراق يەرنى ساقلاپ ياتسا، كىرىمنى ئاشۇرۇش بوشلۇقىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەجىر يەردە قالمىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاۋاتباغ كەنتىدىكى بەزى كەنت ئاھالىلىرى يېقىن ئەتراپتىكى سانائەت باغچە رايونىغا ئىشقا چۈشتى، بەزىلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرى بىللە شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئىشلەمچىلىك قىلدى، بەزىلىرى قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللەپ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندى... بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، پۈتۈن كەنت بويىچە ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات ئائىلىلەردە ئاز دېگەندە بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى.

بۇ يىل ئاۋاتباغ كەنتىدە 109 ئائىلە، 476 ئادەم تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىدى، كەنت ئەتراپتا ماكانلاشقان كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئەستايىدىل رەتلەپ چىقىپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجى بار نامرات ئائىلىلەرنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. «ئۆيدە ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى، كىچىك بالىلىرى بار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى يىراققا بېرىپ ئىشلەشنى خالىمايدۇ، شۇڭا زاۋۇتلارنى ئىشىك ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، بارلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىشقا رىغبەتلەندۈردۇق» دېدى ئېزىز.

**ۋەكىللەر، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە توختالدى ——**

### «كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش كېرەك»

«بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈنۈمى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان نامراتلارنى يۆلەش شەكلى.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رىيزا باغدۆلەت تۇرۇشلۇق جىمىنەي ناھىيەسىنىڭ جىمىنەي بازىرى سارى ئۆلەڭ كەنتى «ساياھەت+» ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا كەنتىنىڭ قىزىل ساياھەت مەدەنىيەت ئاساسىنى چوڭقۇر قېزىپ، چېگرانى ساقلاش، چېگرانى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش قىزىل ساياھەت تۈرىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يۇرتداشلارنى مۇقىم خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، «گۈزەل كەنت قۇرۇش، ساياھەت تامقى يېيىش، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش»تىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىغا ماڭدى.

«ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەندىلا، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېدى ۋەكىل رىيزا باغدۆلەت.

### «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىش كېرەك»

«ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە چوقۇم كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىش كېرەك.» شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى دىلنار ئابلا مۇنداق قارىدى: ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك كارخانىلارنى كۆپرەك كىرگۈزۈپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى كۆپ خىل ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئەزا دىلنار ئابلا مۇنداق تەكلىپ بەردى: ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن، ئاممىنى بىرەر ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلىپ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ماھارەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىگىلىك تىكلەشكە ئۆتۈشكە ئاساس سېلىش كېرەك.

**نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرالايمەن ——**

### «نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇم چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ»

چۈشتە ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا، ئامىنە جۇمە زاۋۇتتىن چىقىپ، ئېرى مامۇت تاشمەت بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ چۈشلۈك تاماق ئېتىدۇ. ئەگەر ئىشىك ئالدىدا ئىشلىمىگەن بولسا، ئامىنەنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا ئۆتەتتى: ئۆيدە مېيىپ ئېرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

مامۇتنىڭ ئىككى پۇتى تۇغما غەيرىي بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئامىنەگە قاراشلىق ئىدى، يەردىن كۆپ ھوسۇل ئالالمايتتى، تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار تاغلىق رايوندا ياشىغاچقا، ئائىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى تىت ـ تىت بولدى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئاقتاش نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش رايونىغا كۆچۈپ باردى. «تاغدىن چۈشۈپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىلا ئارزۇ قىلىمەن» دېدى مامۇت.

كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قاغىلىق ناھىيەسى يېڭىدىن سانائەت باغچە رايونى قۇرۇپ، پەلەي، ئاياغ قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەمگەك كۈچ زىچلاشقان يەتتە كارخانىنى كىرگۈزدى.

بۇلتۇر 2 ـ ئايدا ئامىنە ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىپ، پەلەي زاۋۇتىغا كىرىپ سانائەت ئىشچىسى بولدى، ھەر ئايدا مۇقىم مائاشى بار.

كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ «ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ» ئىش ئورنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، مامۇتمۇ بىكار ئولتۇرۇشنى خالىمىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «پۇتۇم مېيىپ، لېكىن ئىككى قولۇم ساق، بىر كىشىلىك خىزمەت تاپالىشىم مۇمكىن.» نۇرغۇن زاۋۇتنى سېلىشتۇرۇش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇ ئىش ئورنىدا تەربىيەلىنىپ، ئاياغ زاۋۇتىنىڭ ئاقما لىنىيەسىدە پراكتىكا قىلدى، ھەر ئايدا 1000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

«كۈنلىرىمىز ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئىشىنىمەنكى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.» مامۇت ئەر ـ خوتۇنغا ئوخشاش كەنتتىكى نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەر ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەت تاپتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەمدى چۈش ئەمەس، بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئايلاندى، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يېقىن كەلگۈسىدىكى ئىش.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەرلىك ئىدىيەسى، ئۈزۈشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پىسخىكىسى، بوشىشىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، نۇقتىلىق سورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى زۆرۈر بولغان ئۆزى مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى قەتئىي مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى پۇختا، زىچ توقۇش كېرەك. پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلاپ، سىستېمىلىق قايتا يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، يوچۇقلارنى ئېتىش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسى، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى، ئېغىر، زور يۇقۇم بىلەن يۇقۇملانغانلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىلىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇل شارائىتنى ياخشىلاش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەشۋىقات ئارقىلىق يېتەكلەشنى زورايتىپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، مەدەنىي ـ ساغلام، يېشىل ـ مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچەپ تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇش؛ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشى ۋە يېڭىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشنى تېزلىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش؛ مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، كۆپ مەنبەلىك ئېھتىياجغا ماسلىشىپ بازار ئىستېمالىنى كېڭەيتىش؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش؛ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، ۋۇشىكا ئىپىس جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى تۇتۇش كېرەك. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» سالمىقىنى زورايتىپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» تۆۋەن چېكىنى ساقلاپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، «مۇقىملاشتۇرۇش» ۋە «كاپالەتلىك قىلىش» ئاساسىدا پائال ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى بوشاشماي دائىم تۇتۇش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن نەيىم ياسىن، لى ۋېي، لو دۇڭچۈەن، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خېيلۇن، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىياسىي ۋەزىپە ۋە قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئورۇنلاشتۇرمىسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تۈزۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، قانۇنچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى يېڭى جۇڭگودىكى تۇنجى قانۇن دەستۇرى نامى بىلەن ئاتالغان قانۇن بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن دەستۇرى تۈزۈش، چىقىرىشقا يول ئاچتى، بۇ، ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەق تەلەپ يەككە قانۇنلىرىنى سىستېمىلىق تۈزۈپ، تۈزىتىپ، مۇناسىۋەتلىك ھەق تەلەپ قانۇنلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ بىر تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال قانۇن دەستۇرى قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ـ قانۇنچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، قانۇنچىلىقنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۇزاق كەلگۈسىگە نەپ يەتكۈزۈشتەك كاپالەت رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋەكىللەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەزنىڭ شياڭگاڭدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ھوقۇقى، مەسئۇلىيىتى بار. شياڭگاڭدا دۆلەت خەۋپسىزلىكى رېئال تەھدىتكە ۋە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ھەققىدىكى قانۇن چىقىرىشنى ئۆز ئالدىغا تاماملىيالمىغان ئەھۋالدا، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەت قاتلىمىدىن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى بولۇپ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. شياڭگاڭ جۇڭگونىڭ شياڭگاڭى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆزگەرمەس، مۇستەھكەم، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىرادىسى ئۆزگەرمەس، مۇستەھكەم.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن نەيىم ياسىن، شى داگاڭ، لى ۋېي، لو دۇڭچۈەن، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خېيلۇن، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالتاي شەھىرى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىخو شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: دىققەتنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى قەتئىي مۇستەھكەملەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

لى پېڭشىن پورت، دوختۇرخانا، كارخانا، مەكتەپ، يېزا ـ كەنت، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئوقۇشقا باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئېكولوگىيەنى ئاسراش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

لى پېڭشىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى سىجىل چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك. «ئۈچ مۇداپىئە سېپى»نى قەتئىي ياخشى ساقلاپ، چېگرا پورتى، دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىق نۇقتىلىق رايون، كەسىپ، سورۇن، كىشىلەر توپى ئارىسىدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، «چېگرا سىرتى»دىن «دۆلەت دەرۋازىسى»غىچە، يەنە «ئۆي»گىچە بولغان پۈتۈن جەرياندىكى يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر جەڭ ئالدىدىكى ھالەتنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خادىملىرى ۋە ماددىي ئەشيا قاتارلىقلارغا كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كارانتىن قىلىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، ئايرىپ كۆزىتىش نۇقتىسى، فاڭساڭ دوختۇرخانىسى، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى قاتارلىق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي جەڭ مانېۋىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش ـ كونترول قىلىش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەپ ئۇرغۇتۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، يۆلەش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلە مەددىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ «سالمىقى، دائىرىسى، دەللىكى» جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، تىرىشىپ ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغاپ بېرىپ، تاشقى سودا يوللىرىنى كېڭەيتىپ، زاپاس تۈرلەرنى ئىش باشلىنىدىغان تۈرلەرگە ئايلاندۇرۇشنى تېز، ئەمەلىي ئالغا سىلجىتىپ، تۇرۇدىكى، تۇر سىرتىدىكى ئىستېمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، پورتنىڭ يۈك تىرانسپورت راۋانلىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى، ئوقۇتۇش بىرلەشمە گەۋدىسى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا پەسىللىرى، بەخت چوڭ ھويلىسى قۇرۇلۇشلىرىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاپ، نامراتلىقتىن ئومۇميۈزلۈك قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. سۇ تېجەش، سۇ ساقلاش، سۇ يۆتكەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ «بىر تاختا شاھمات»، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم، زور سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، رايونلارنىڭ سۇ بايلىقىنى يۆتكەش ـ تەقسىملەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا، تۇرمۇشقا، ئېكولوگىيەگە سۇ ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، تىرىشىپ خەلققە بەخت يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ياخشى ھەل قىلىپ، خەلق بەختىنىڭ ئۇلى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)